# ئاللاھ ئۈچۈن ھەج قىلغان كىشى ھەجگە بېرىپ قايتقىچە ناچار گەپ-سۆز ۋە گۇناھ-مەئسىيەتتىن ساقلانسا، ئانىسىدىن تۇغۇلغان كۈندىكىدەك گۇناھدىن پاك بولغان ھالەتتە قايتىدۇ

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: «ئاللاھ ئۈچۈن ھەج قىلغان كىشى ھەجگە بېرىپ قايتقىچە ناچار گەپ-سۆز ۋە گۇناھ-مەئسىيەتتىن ساقلانسا، ئانىسىدىن تۇغۇلغان كۈندىكىدەك گۇناھدىن پاك بولغان ھالەتتە قايتىدۇ».

[تېكىست توغرا] [بىرلىككە كەلگەن]

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئاللاھ ئۈچۈن ھەج قىلغىلى چىققان كىشىنىڭ ناچار گەپ-سۆزلەر، شەھۋانى سۆز-ھەرىكەتلەردىن ۋە گۇناھ-مەئسىيەتلەردىن ساقلىنىشى كېرەكلىكىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ. پىسقى-پۇجۇر دېگەندىن: ئېھراملىق ھالىتىدە قىلىش چەكلەنگەن ئىشلاردىن ساقلىنىش دېگەن بولۇپ، بۇ شەكىلدە ھەج قىلغان كىشى خاتالىقلىرى كەچۈرۈم قىلىنىپ، يېڭىدىن دۇنياغا كۆز ئاچقان بوۋاقتەك مەسۇم ھالەتتە قايتىدۇ.

https://www.sunnah.global/hadeeth/ug/show/2758

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee